# 37805 ـ رامزاننىڭ ئەۋۋىلىدە ئوقۇلىدىغان دۇئا دەپ ئايرىم دۇئا يوق ئىكەنلىكى توغرىسىدا

## سۇئال

روزىنىڭ باشلىنىشىدا ئوقۇيدىغان دۇئا قايسى؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت-سالاملىرى بولسۇن.

تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام يېڭى ئاينى كۆرگەندە: «ئى ئاللاھ! بۇ ئاينى بىزگە بەرىكەت، تېنچلىق، سالامەتلىك، ئىمان ۋە ئىسلامغا پايدىلىق قىلىپ بەرگىن، مېنىڭ ۋە سېنىڭ رەببىڭ ئاللاھدۇر» دەيتتى. [تىرمىزى رىۋايىتى 3451 ـ ھەدىس. شەيخ ئەلبانى سەھىھ دەپ تىرمىزىنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا 2745 ـ ھەدىستە كەلتۈرگەن].

بۇ پەقەت رامىزان ئۈچۈنلا خاس دۇئا ئەمەس، بەلكى ھەر ئاينىڭ دەسلىۋىدە مۇسۇلمان كىشى دەيدىغان دۇئادۇر.

ئەمما ھەر كۈندە ئوقۇيدىغان ۋە ھەر كۈنى روزىنى باشلاش ئۈچۈن ئوقۇيدىغان ئايرىم دۇئا يوق. "ئەتە روزا تۇتىمەن "دېگەننى پەقەت دىلى بىلەن نىيەت قىلىدۇ.

نىيەتنىڭ كېچىدە تاڭ يورۇشتىن بۇرۇن بولىشى شەرت قىلىنىدۇ، بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كېچىدە يەنى تاڭ يورۇشتىن ئىلگىرى روزا تۇتۇشنى مەقسەت قىلمىغان كىشىنىڭ روزىسى روزا بولمايدۇ.» [ تىرمىزى رىۋايىتى 730–ھەدىس].

نەسائىينىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق كەلگەن: « كېچىدە روزا تۇتۇشنى نىيەت قىلمىغان كىشىنىڭ روزىسى روزا بولمايدۇ» 2334–ھەدىس. [شەيخ ئەلبانى سەھىھ دەپ تىرمىزىنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا 573ـ ھەدىستە كەلتۈرگەن].

نىيەت دىلنىڭ ئەملى، مۇسۇلمان دىلى بىلەن ئەتە روزا تۇتىمەن دېگەننى كەسكىن قىلىدۇ، بەزى كىشىلەر پەيدا قىلغاندەك ئاغزاكى "روزا تۇتۇشنى نىيەت قىلدىم " دېگەندەك سۆزلەرنى قىلمايدۇ .

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.